# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 ـ يىل 4 ـ ئاي
1
پەيشەنبە
维吾尔文 4 月1日
25378 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65－0002/－W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 تيانشان تورى: www.ts.cn


## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بازارلاشتۇرۇلغان سودا توك مىقدارى 300 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشتى

شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چېن چياڭۋېي**نىڭ شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2016 ـ يىلىدىن باشلاپ بازارلاشتۇرۇش سودىسى يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىدىكى توك مىقدارى جەمئىي 300 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشقان، 3500 بازار سۇبيېكتى بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشكەن، ئىسلاھات پايدىسىنى قويۇپ بېرىش كارخانىلارنى تەخمىنەن 20 مىليارد يۈەن نەپكە ئېرىشتۈرگەن بولۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىندىكى كەسىپلەر ۋە يېڭى ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن.

ئىگىلىنىشىچە، 300 مىليارد كىلوۋات سائەت توك مىقدارىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 1 مىليارد 400 مىليون ئاھالە 100 كۈن ئەتراپىدا ئىشلىتەلەيدىكەن، بۇ، 91 مىليون 650 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرنى كۆيدۈرۈشتىن ھاسىل بولغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە باراۋەر بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ 2020 ـ يىللىق ئىشلەنمىگەن خام كۆمۈر ئىمپورت مىقدارىنىڭ 43%نى ئىگىلىگەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى

# پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 7 ـ سانىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەۋقەنى پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخىي يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قويۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى برتۇتاش پىلانلاپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشقا ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر. پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە تارىخنى ئۆگىنىپ، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى جاسارەت بىلەن باشلاپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك!

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

## شىنجاڭ پاختىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشىدىكى ئاساس قەيەردىن كەلگەن

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى ئىنتىلىپ تەكشۈرۈپ ئىنتىلىق قىلىش سېپىرى — بىرىنچى سەپتە شىنجاڭ پاختىسىنى تەكشۈرۈش ②

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لىيۇ يى، جاڭ جىلى، خې خۇڭۋېي

ھازىر، شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ سۈپەتلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى، 2020 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ھوسۇلى پۈتۈن مەملىكەت پاختا ئومۇمىي ھوسۇلىنىڭ 87.3%نى ئىگىلىدى، كېۋەز كۆلىمى، بىرلىك ھوسۇلى، ئومۇمىي ھوسۇلى، تاۋار مىقدارى، يۆتكەپ چىقىرىش مىقدارى ئۇدا 27 يىل پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى.

شىنجاڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ ئەۋزەل ئورنىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىدا ئۆزگىچە كىلىمات بايلىق شارائىتى ۋە غايەت زور ھوسۇلدىن باشقا، يۇقىرى سۈپەت پۈتۈن ئاپتونوم رايون پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم يېتەكلەش كۆچىگە ئايلاندى، شۇنداقلا شىنجاڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تىرەك بولىدىغان يېڭى ئەۋزەللىكنى بەرپا قىلدى.

ئەتىيازلىق كۆن ـ تۈن تەڭلىشىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، تېمپېراتۇرا ئۆرلىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىش خىزمىتى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئارقا ـ ئارقىدىن باشلاندى. بۇ يىللىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتىدە، ھەرقايسى جايلار «سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش»نى يادرو قىلىپ، ئۇرۇقچىلىق كەسپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ۋە سۈپەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن كەسىپتە تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇمىد ئۇرۇقىنى چاچتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، خىزمەتچى خادىملار ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئېغىر سانائىتى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا چارلاپ تەكشۈرمەكتە. بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان پاختا يىغىش، تايلاش بىر گەۋدىلەشكەن ماشىنا پاختىكارلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. □ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى رۇي فوتوسى

## شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلاتلىرى خېزى مۇدەن خەلقئارا تاۋار سودا مەركىزىدە تورغا چىقىرىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **خەن چىنيە**نىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىدىن ئىگىلىشىچە، 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلاتلىرى شەندۇڭ ئۆلكىسى خېزې مۇدەن خەلقئارا تاۋار سودا مەركىزىدە رەسمىي تورغا چىقىرىلغان، تورغا چىقىرىلغان كۈنى 37 ئورۇن ھېساب ئاچقان، چېگىت سودىسىدا پۈتۈشۈش مىقدارى 9806 تونىنا بولغان.

شىنجاڭ پاختىسىنىڭ سۈپىتى دۇنياغا داڭلىق. شىنجاڭدىكى ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ بىرى بولغان قەشقەر ۋىلايىتى سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق ئەۋزەللىككە تايىنىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پاختىچىلىق كەسپىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇردى. 2020 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە جەمئىي 5 مىليون 539 مىڭ مو كېۋەز تېرىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەيزاۋات، مارالبېشى، يەكەن، مەكىت، يوپۇرغا قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز تېرىلىدىغان نۇقتىلىق ناھىيەلەرنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 4 مىليون 632 مىڭ 700 موغا يەتتى.

شىنجاڭ پاختىسىنىڭ ھەممىلا يېرى گۆھەر، يۇقىرى سۈپەتلىك پاختا تۈتۈنى چىققاندىن باشقا، چىگىتتىن يەم ـ خەشەك ئاقسىلى ۋە پاختا قىسقا تۈتۈنى، ئۆسۈملۈك يېغى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى، پىششىقلىغلى بولىدۇ، پاختا قىسقا تۈتۈنى پۇل ياسايدىغان ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ، پاختا تىرىپىنى يەنە يەم ـ خەشەك ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش مەركەز 16 ـ نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە كۆرۈشۈپ پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىخرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېقىندا مەركەز 16 ـ نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەركەز نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەركەز نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى فۇ جېڭخۇا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى.

مەركەز نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۇ خېيىن ۋە مەركەز نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرىدىن ۋاڭ جۈنجېڭ، لى يىفېي، ۋاڭ مىڭشەن، چېن مىڭگو، ياڭ يۇڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

فۇ جېڭخۇا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسى، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتىن قۇرۇپ، سادىق، پاك، ئىشەنچلىك بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق باشقۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا تېخىمۇ ياخشى ئىنكاس قايتۇرۇش، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ يېڭى ئوبرازىنى تىكلەشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىشكە تۈرتكە بولۇش، يېڭى دەۋردە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **لى شىڭ، مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ۋىلادىمىر نوروۋ ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىدىن تەشكىللەنگەن 30 نەچچە كىشىلىك ۋەكىللەر ئۈمىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىشلىرى ئالاھىدە ۋەكىلى لى خۇي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شۆجۈننىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى.

ئېكسكۇرسىيەگە، زىيارەتكە كەلگەن دۆلەت ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ئەرمېنىيە، تاجىكىستان، بېلارۇسىيە، نېپال، ئەزەربەيجان، مولدوۋا، ئىران، پاكىستان، رۇسىيە، بېنگال، مالايسىيا، مالدىۋې، گرۇزىيە، ھىندونېزىيە، كامبودژا، قازاقىستان، سىرى لانكا، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن.

ۋەكىللەر ئۈمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، باش تېما كۆرگەزمىسى، دىنىي پائالىيەت مەيدان ـ سورۇنلىرى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## مەملىكەت بويىچە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پىدائىيلار مۇلازىمىتىدىكى «تۆت 100» ئىلغار تىپلارنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى

### ئاپتونوم رايونىمىزدىن بەش ئىلغار تىپ تىزىملىككە كىردى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پىدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، 2020 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پىدائىيلار مۇلازىمىتىدىكى «تۆت 100» ئىلغار تىپنى تەقدىرلىدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى شۆبە يىغىن مەيدانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەت بويىچە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پىدائىيلار مۇلازىمىتىدىكى «تۆت 100» تىزىملىكىگە كىرگەن بەش ئىلغار تىپقا تەقدىرنامە، گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

100 يىللىق كۆرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

## قىزىل گېننى داۋاملاشتۇرۇش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەش

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي ئىش قىلىش يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

چىڭمىڭ بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يۈرۈستەن بىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ـ سۈپۈرۈش قاتارلىق نەق مەيدان تەربىيە پائالىيىتىنى ۋاستە قىلىپ، شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىدىن ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچىنى ھېس قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى قوبۇل قىلدى.

### ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، قەھرىمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار «چىڭمىڭدا قەھرىمانلار ـ قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش»نى باش تېما قىلىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، قەھرىمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىنى ئالغا سىلجىتتى.

3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۈڭتىڭدىكى بارلىق پارتىيەلىك كادىرلار رەتلىك تىزىلىپ، گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)